


# بىرلىككە كەلگەن شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىك)** 2016 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، گوۋۇيۈەن «گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك تۈزۈمنى بىرىكتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، تېببىي دورا - سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئادىل بەھرىلىنىش ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا، دۆلىتىمىز شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا باشلىدى. 2003 - يىلى، يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا باشلىدى. 2007 - يىلى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا باشلىدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپىغا قارىتىلىپ كەينى - كەينىدىن ئورنىتىلىپ، ئاممىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. ھالبۇكى، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ بۆلۈنۈشى، تۈزۈمەنىڭ ئايرىم تەسىس قىلىنىشى، بېجىرىشنىڭ تارقاق بولۇشى شەھەر - يېزىلارنىڭ ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلمىسىغا ئادىل بولمىغان مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىلەن يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ مەبلەغ توپلاش ئەندىزىسى، ھەق تاپشۇرۇش ئۆلچىمى يېقىن بولسىمۇ، بەھرىلىنىدىغان تەمىناتتا بىر قەدەر چوڭ پەرق بار ئىدى.

شۇڭا، 2013 - يىلى 11 - ئايدا، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2015 - يىلى 12 - ئايدا، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىدا «گوۋۇيۈەننىڭ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. 2016 - يىلى 1 - ئايدا، پىكىر رەسمىي بېسىپ تارقىتىلدى.

پىكىردە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈش سىياستى توغرىسىدا قاپلاش دائىرىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەبلەغ توپلاش سىياستىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كاپالەت تەمىناتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مۇندەرىجىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بەلگىلەپ باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، فوند باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «ئالتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تەلىپى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كاپالەت تېخىمۇ ئادىللاشتۇرۇلدى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىرىكتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاتچوت قىلىش نىسبىتى ئۆرلىدىكى تۆۋەنلىمىدى، دورا ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيدىكى تارايمىدى، بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىلار كۆپەيدىكى ئازايمىدى، بۇ، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارغا ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلدى.

# جۇڭگوچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىك)** 2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئون مۇتەخەسسىس، ئالىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىلمىي سوتسىيالىزم، تارىخشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، ئەدەبىيات، قانۇنشۇناسلىق، ماركسىزم نەزەرىيەسى، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق پەن ۋە ساھەلەردىكى تەتقىقات، ئىلگىرىلەشلەرنى تونۇشتۇردى ھەم پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قانداق تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئالاقىدار تېمىلار توغرىسىدا ئالىملار بىلەن چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى. كۆپچىلىك سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەرەققىي قىلغان تەبىئىي پەنى بولمىغان بىر دۆلەتنىڭ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭالىشى مۇمكىن ئەمەس، گۈللەنگەن پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنى بولمىغان بىر دۆلەتنىڭمۇ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭالىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ئورنىنى ئالغۇسىز مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ئورنىنى ئالغۇسىز مۇھىم رولغا ئىگە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا، جەزمەن پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى ۋەزىيەتتە، دۆلىتىمىزدە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەننىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇھىم، ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر. تارىخ شۇنى بىلدۈردىكى، جەمئىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان دەۋر چوقۇم پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان دەۋر بولىدۇ. زامانىمىزدىكى جۇڭگو دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ كەڭ ھەم چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ھەم ئۆزگىچە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ خىل مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەزمەن نەزەرىيە ئىجادىيىتى، ئىلىمنىڭ گۈللىنىشىنى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە كەڭ بوشلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ بىر نەزەرىيەگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەمدە چوقۇم نەزەرىيە ھاسىل قىلالايدىغان دەۋر، بۇ بىر ئىدىيەگە ئېھتىياجلىق بولغان ھەمدە چوقۇم ئىدىيە ھاسىل قىلالايدىغان دەۋر. بارلىق غايىلىك، ئىرادىلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى جەزمەن دەۋر دولقۇنىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى پىششىق ئىگىلەپ، ئىدىيەدە ئالدىن سادا ياڭرىتىپ، پائال تۈردە پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلىپ ۋە نەزەرىيە تۇرغۇزۇپ، چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، تارىخ يۈكلىگەن شەرەپلىك بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

# دۆلىتىمىز ياسىغان تۇنجى ئاۋىياماتكا مۇۋەپپەقىيەتلىك سۇغا چۈشۈرۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىك)** 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىككىنچى ئاۋىياماتكىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاۋىياماتكىنى سۇغا چۈشۈرۈش مۇراسىمى جۇڭگو كېمىسازلىق ئېغىر سانائەت گۇرۇھى شىركىتى دالىيەن كېمىسازلىق زاۋۇتىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا خەلقئارا ئادەت بويىچە، لېنتا كېسىلگەندىن كېيىن بوتۇلكا ئېتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بىر بوتۇلكا شامپان ھارىقىنىڭ ئاۋىياماتكا بېشىغا ئېتىلىپ چېقىلىشى بىلەن، ئاۋىياماتكىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىن چىرايلىق رەڭلىك لېنتىلار ئېتىلىپ چىقتى، ئەتراپتىكى پاراخوتلار بىرلا ۋاقىتتا گۈدۈك چالدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئاۋىياماتكا ئاستا - ئاستا دوكتىن سۆرەپ چىقىلىپ، پىرىستاندا توختىتىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاۋىياماتكىسىدا 2013 - يىلى 11 - ئايدا ئىش باشلانغان بولۇپ، 2015 - يىلى 3 - ئايدا دوك ئىچىدە ياسىلىشقا باشلىغان. دوكتىن چىقىرىلىپ سۇغا چۈشۈرۈلۈش ئاۋىياماتكا قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم، زور تۈگۈن نۇقتىلارنىڭ بىرى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاۋىياماتكىنى ئۆز ئالدىغا لايىھەلەپ ياساشتا مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئۆز ئالدىغا ئاۋىياماتكا ياسىيالايدىغان ئاز ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1987 - يىلى ئاۋىياماتكا ياساش يىرىك پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن تارتىپ تۇنجى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاۋىياماتكىنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشقىچە، جۇڭگو 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. بۇ، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيەسى قورال - جابدۇق سەۋىيەسىنىڭ تېز ئۆسكەنلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە جۇڭگو دۆلەت ئومۇمىي كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى.

قىلىچ ياساش جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىنچلىق ئۈچۈن. جۇڭخۇا مىللىتى تىنچلىقنى سۆيىدىغان مىللەت، تىنچلىققا زور ئىجتىھات بىلەن ئىنتىلىدۇ، دۆلىتىمىز ياسىغان ئاۋىياماتكا جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىياتىنى قوغداشقا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا تېخىمۇ پايدىلىق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئادېن قولتۇقى، سومالى دېڭىز تەۋەسىدىكى قاتناشنى قوغداش ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، جۇڭگو دۇنياغا مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت ئوبرازىنى نامايان قىلدى. دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاۋىياماتكا زىممىسىگە ئالغان بۇرچتىن تېخىمۇ باش تارتماي، جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىياتىنى پۇختا كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، دۇنيا تىنچلىقىغا كۈچ قوشىدۇ.

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شىك)** 2016 - يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، ئومۇمىي يىغىندا «يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزان» ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا يېڭى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىكى روشەن باش تېمىسى. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا، ئاچقۇچ پارتىيەدە، ئاچقۇچ پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، بىز نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، جەزمەن تېخىمۇ زور سالماق بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ھەققىي تۈردە پارتىيەنى ياخشى قۇرۇپ، ياخشى باشقۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيەسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ باشتىن - ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنىڭ ھەممىسى يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تېما، شۇنداقلا بىزنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشىمىزدىكى مۇھىم تۇتقا. «مىزان»نىڭ تۈزۈلۈشى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستراتېگىيەنى كۆچەپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈپ ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ سىياسىيلىقى، پرىنسىپچانلىقى، دەۋرچانلىقى، كۈرەشچانلىقىنى كۈچەيتىشنى كۆزلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇردى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «نىزام»دا، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان نىزامنىڭ نازارەت قىلىش سۇبيېكتى بىر قەدەر تارقاق بولۇش، نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى يېتەرلىك ئېنىق بولماسلىق، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەشغۇلاتچانلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقى كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىلىرى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىنىپ، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، سۇبيېكت ئايدىڭ بولۇش، تۈزۈم ئەسقاتىدىغان بولۇش، يۈرگۈزۈش ئۈنۈملۈك بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەم پارتىيە ئىچىدىكى باشقا نىزام - بەلگىلىمىلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى.

«مىزان» ۋە «نىزام»دا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ باش تېما زىچ چۆرىدىلىپ، پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ ۋە ئۇ ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى تەجرىبە، يېڭى نەتىجىلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، بىر قاتار يېڭى قاراش، يېڭى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.




# ۋېن دو: ھاياتى ئارقىلىق قەھرىمانلىق مەدھىيە ناخشىسى پۈتۈش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجۇ، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شيۈكىيك)** ئوق تېگىپ، قان بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تەڭداشسىز كۈچلۈك جاسارەت، ئادەتتىن تاشقىرى ئىرادە بىلەن ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، قېچىۋاتقان جىنايەت گۇماندارىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئاتتى ھەم ئاخىرقى نەپىسى بىلەن سەپداشلىرى ۋە نەق مەيداندىكى كىشىلەرگە: «ئۇنى چوقۇم تۇتۇڭلار!» دەپ كۈچلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى. ئۇ دەل ئىنقىلابىي قۇربان ۋېن دو.

ۋېن دو، 1968 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىجىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1988 - يىلى 11 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى زىجىن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە خەلق ساقچىسى بولغان. 1990 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1993 - يىلى، خۇيجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى نەنتەن ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ بېرىپ خەلق ساقچىسى بولغان.

1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندە، ۋېن دو ئادەتتىكىگە ئوخشاش نەنتەن ساقچىخانىسىغا دەل ۋاقتىدا بېرىپ ئىسمىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. سائەت 10دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، بىر يىگىت ئالدىراش كېلىپ: ئىككى ئەر بىر ئايالنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى بۇلاپ، خېچجياك 2 - يولىغا قاراپ قېچىپ كەتتى، دەپ دېلو مەلۇم قىلغان.

خەلق ساقچىسى ۋېن دو بىلەن لىيۇ شىخۇ ئامانلىق ساقلىغۇچى گۇڭ جىڭگاڭنى باشلاپ دەرھال نەق مەيدانغا ماڭغان. ئۇلار دېلو مەلۇم قىلغۇچىغا ئەگىشىپ تېز سۈرئەتتە خېچجياك 2 - يولىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا، ئىككى دېلو سادىر قىلغۇچى كىشىلەر توپىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، دېلو سادىر قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتقانىدى.

تۇتۇش جەريانىدا، ئىككى جىنايەت گۇماندارى جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. غالجىرلاشقان قارا نىيەت لىيۇ مۇۋچى ياندىن چۇقىدىن بەتلەگلىك تاپانچىنى چىقىرىپ، ۋېن دونىڭ سول كۆكرىكى ۋە ئوڭ مۈرىسىگە ئوق ئاتقان.

ۋېن دو بەدىنىگە ئىككى پاي ئوق تېگىپ، قان قۇسۇۋاتقان ئەھۋالدا، يەنىلا قەيسەر جاسارىتى بىلەن ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەرگەن. لېكىن ئاخىرىدا قان كۆپ چىقىپ كېتىپ، قان ئىچىگە يىقىلغان. 1996 - يىلى 1 - ئايدا، ۋېن دو گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى ھەم ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خۇيجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: ۋېن دو ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، خىزمەتكە سادىق بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئۇ يامان ئادەم، يامان ئىشلارنى تۇتۇشقا، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، دادىل كۈرەش قىلىپ، يامانلاردىن نەپرەتلىنىپ، زوراۋانلىق ئالدىدا ئەزەلدىن چېكىنمەيتتى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ۋېن دو باتۇر، قەيسەر، قۇربان بولۇشتىن قورقماسلىقتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە ئىنقىلابىي جەسۇر روھىنى نامايان قىلدى. ئۇ پارتىيەگە سادىق بولۇپ، ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، خەلققە سادىق بولۇپ، ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى ئارقىلىق كىشىلىك ھايات ئابىدىسىنى تىكلىدى، ئۇ كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ يارقىن بايرىقى.